# قۇرئان كەرىمنى قەلبىڭلار مايىل بولغاندا ئوقۇڭلار، قەلبىڭلار مايىل بولمىغاندا قۇرئان ئوقۇشتىن تۇرۇپ كېتىڭلار

جۇندۇپ ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن:
«قۇرئان كەرىمنى قەلبىڭلار مايىل بولغاندا ئوقۇڭلار، قەلبىڭلار مايىل بولمىغاندا (يەنى چۈشىنىشتە ئىختىلاپلىشىپ قالساڭلار) قۇرئان ئوقۇشتىن تۇرۇپ كېتىڭلار»
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ھەدىسنىڭ مەنىسى: قەلبىڭلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئوقۇشقا مايىل بولغاندا ئوقۇڭلار، قەلبىڭلار قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىش ۋە ئوقۇشقا مايىل بولمىغان ۋاقىتتا، مايىل بولماسلىقنىڭ يامانلىقىقا ئېلىپ بېرىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قۇرئان ئوقۇشتىن تۇرۇپ كېتىڭلار، بۇنىڭ بىر مەنىسى: قۇرئان كەرىمدىن ھۆكمى ئېنىق بولغان ئايەتلەرگە چىڭ ئېسىلىڭلار، ئىختىلاپقا ئېلىپ بارىدىغان مۇتەشابىھ ئايەتلىرى كەلسە، ئۇنىڭغا چوڭقۇر چۆكۈشتىن يىراق بولۇڭلار دېگەن بولىدۇ. يەنە بىر مەنىسى: قەلبىڭلار قۇرئان ئوقۇشقا يۈزلەنگەندە ئوقۇڭلار، زېرىكىش ۋە مايىل بولماسلىق ھالەتلىرى بولۇپ قالسا، تۇرۇپ كېتىپ جۇشقۇن ۋە قەلبىڭلار مايىل بولغاندا ئوقۇشقا يۈزلىنىڭلار دېگەن بولىدۇ. نامازدىمۇ ئىش مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بولىدۇ، دەسلەپكى مەنىسىنىڭ توغرا بولۇش ئېھتىمالى يېقىندۇر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10852

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee